# 7 ـ قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى توغرا ئىستاتىستىكا ئۇچۇرى مەدەتتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مىقداردىكى تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سىياسىتى، نوپۇس سىياسىتى قاتارلىقلارنى تۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 7 ـ قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش يېڭى دەۋردە قانات يايدۇرۇلغان بىر قېتىملىق مۇھىم، زور دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىدا بەزى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى، ھەم نوپۇس كۆپ بولۇش بېسىمىغا دۇچ كەلدۇق، ھەم نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن خىرىسقا دۇچ كەلدۇق. بۇ قېتىمقى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس سانى، قۇرۇلمىسى، تارقىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ، نوپۇس ئۆزگىرىشىنىڭ يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، نوپۇس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى توغرا ئىستاتىستىكا ئۇچۇرى مەدەتتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان شارائىتتا نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، كەڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 7 مىليوندىن ئارتۇق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچى ئائىلىمۇ ئائىلە، ئادەممۇ ئادەم تىزىملاشقا باشلىدى، كۆپچىلىك دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە رىئايە قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوللاپ، ماسلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزمۇنىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچىلەر ئىلمىي ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملىشى كېرەك.

لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار جۇڭنەنخەيدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاشقا قاتناشتى.

دۆلىتىمىزدە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم قانات يايدۇرۇلىدۇ. 7 ـ قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ئائىلىلەرگە كىرىپ تىزىملىنىدۇ، 2021 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىش نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكى مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يېزا يەر ھۆددىگەرلىكى مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەم ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەمەلىيەت تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، كوللېكتىپ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، يەر باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئېشىش شەكلىنى بېيىتىپ، يېزا يەر بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، كەڭ كىچىك دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن بىرلىشىش تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى باشتىن ـ ئاخىر ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېزا ھۆددە يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىشنى قانات يايدۇرۇش يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ھەم ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېزا ھۆددە يېرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھۆددىگەرلىك ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش تۈزۈمى سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداش كېرەك. ئائىلە ئىگىلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك!

مەملىكەتلىك يېزا ھۆددە يېرىنىڭ تەۋەلىك ھوقۇقنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ھۆددە يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىشنى قانات يايدۇرۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە. ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ يەر ھۆددە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قوغداشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ھۆددىگە ئېلىشنى ئۇزارتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆددە يېرىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھۆددىگە ئېلىنغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق يېرىنىڭ ئاشلىقتىن باشقىغا ئىشلىتىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇش، يېزا ئىگىلىك يېرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش كېرەك. يېزا ھۆددە يېرىنى دائىملىق باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت مېخانىزمىنى تېز ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەتنىڭ دەل جايىدىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مەملىكەتلىك يېزا ھۆددە يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار رايونلار ئومۇمىي ئوقتۇرۇش قىلىنىپ تەقدىرلەندى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ھۆددىگە ئېلىشنى ئۇزارتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قاتارلىق ھۆددە يېرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى.

مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا قىسمەن ئورۇنلار، مەملىكەتلىك يېزا يېرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تىزىملاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، 2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ھۆددىگە ئېلىشنى ئۇزارتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلدىغان ناھىيەلەردىكى مەسئۇل يولداشلار، تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا ۋە ھەرقايسى شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تاكامۇللاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»، «ئاكسىيەگە دائىر قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مائارىپ ساھەسىدىكى ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىش دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلە يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، قىلىدىغاننى قىلىش، قىلمايدىغاننى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىستراتېگىيە بىخەتەرلىكى، كەسىپ يېتەكچىلىكى، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ساقلانما مىقدار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئېشىش مىقدارىنى تارقىتىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى كۈچەيتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، زورايتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى قۇرۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك تىرەك نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بازار سىستېمىسى ئاساسىي تۈزۈمىنى پۇختىلاش، مۇھىم ئامىل بايلىقىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك سەپلەشنى ئالغا سىلجىتىش، بازار مۇھىتى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئۆستۈرۈش، يۇقىرى سەۋىيەلىك بازار ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش، زامانىۋىلاشقان بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، بازار ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، بازار ئىجازىتى راۋان بولۇش، ئېچىۋېتىش تەرتىپلىك بولۇش، رىقابەت يېتەرلىك بولۇش، تەرتىپ قېلىپلاشقان بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تۈزۈم تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك پۈتۈن خەلققە ئورتاق بولغان قىممەتلىك بايلىق، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ماددىي ئاساس بولۇپ، چوقۇم ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈككە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، دىققەتنى ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، توغرا نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي دائىرىلىك بولۇش، تولۇق قاپلاشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزىتىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ياشانغانلار كۈتۈنۈش، ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ياشانغانلار، كىچىكلەر» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، نوپۇسنىڭ ئۇزاق مەزگىل تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، كەلگۈسىنى كۆزلەپ، نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە قۇرۇلما ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئائىلىنىڭ ياشانغانلارنى كۈتۈش، بالىلارنى بېقىشتىكى ئاساسىي ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسى كاپالەتلىك قىلىش، تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇلازىمەت تەمىناتىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە شەھەر ـ يېزا رايونلىرىنى تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئورمان ۋە ئوتلاق مۇھىم تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئۈلۈلۈق، ئىستراتېگىيەلىك رولغا ئىگە. ئورمان باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق سىستېمىسىنى تۈزەش تەلىپى بويىچە، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىي قىلىش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئورمان باشلىقلىرىنىڭ ئورمان، ئوتلاقنى قوغداپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مەدەنىيەت كارخانىلىرى ئۆزىگە خاس جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان، تۈرلۈك مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئاكتىپ ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، توغرا تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دۆلەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت ئاممىۋى مەنپەئىتىنى قوغداپ، جەمئىيەت ئاممىۋى تەرتىپى، ياخشى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى قوغداپ، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتى ۋە ئەخلاق مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، ساغلام يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ئەلا سۈپەتلىك مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنى بازاردىن چېكىندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئاكسىيەگە دائىر قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش كاپىتال بازىرى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى. بازارلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بازاردىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازاردىن چېكىندۈرۈش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كۆپ مەنبەلىك چېكىندۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، بازاردىن چېكىندۈرۈشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، دائىملاشقان بازاردىن چېكىندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاكسىيەگە دائىر قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، قانۇنغا خىلاپ مۇھىم، زور دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، جازالاش ـ تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، كاپىتال بازىرىنىڭ قانۇنچىللىق ۋە سەممىيەت ئاساسىنى پۇختىلاپ، چېگرا ھالقىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ياخشى بازار تەرتىپى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ساھەسىدىكى ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ئالغا سىلجىتتۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈمى سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى، ئۇزاقتىن بۇيان مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ كەلگەن بىر قىسىم تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى زور بىر تۈركۈم تەجرىبە، ئۇسۇللار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى، مائارىپ قىياپىتىدە ئەندىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، مائارىپ ساھەسىدىكى ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ ئىگىلەپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۇيغۇنلاشقان مائارىپ قۇرۇلمىسى، پەن ـ كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئادەم تەربىيەلەش ئۇسۇلى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، كاپالەت مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلىشنى چۆرىدەپ، دىققەتنى خەلق ئاممىسى ئالدىرىغان، ئېھتىياجلىق بولغان، تەقەززا بولغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، رايون، شەھەر، يېزا پەرقىنى كىچىكلىتىشنى تېزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ۋە تەدبىرلىرىگە قارىتا، ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاش، تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ بولغان، چىقىرىپ بولغان ئىسلاھات لايىھەسى تەدبىرلىرىگە قارىتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇر ياخشى تۇتۇش، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق؛ يېڭى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھاتلارغا قارىتا، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىسلاھات ئالغا سىلجىتىلىپ بۈگۈنگە كەلگەندە، ئىسلاھاتنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش جەھەتتە، بىز بىرقەدەر ئېنىق بولغان چوڭ دائىرىگە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاساسلىق زېھنىي كۈچنى بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك جەڭ خاراكتېرلىك ئىسلاھاتلارنى كۆپ پىلانلاپ، ئاچقۇچنى تۇتۇپ، باشقا ھالقىلارغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرى، كەسىپ زەنجىرىنى يۇغۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇقىم كاپالەتلىك قىلىش، كىرىم تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى قۇرۇش قاتارلىقلارغا قارىتا، ھەممىنى قولدا تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتىش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىش سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاساسىي قاتلام ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەنبە سۇ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پەرقلىق يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا مەدەت بېرىش كېرەك. جايلار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەم ئورنىنى توغرا تېپىشى، ھەم خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، شارائىتى بار رايونلار جاسارەت بىلەن ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.